« ئۈچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ » ( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۈچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

1999 - يىلى 8 - ئاي

19 - سان

گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى

Eastern Turkistan
Information Center

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

## خىتاي ھۆكۈمىتى، « شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى » دىگەن كىتاپنى نەشر قىلىپ تارقاتتى

ئۆز خەۋىرىمىز: كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر دەرىجىلىك خىتاي رەھبىرى كادىرلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىن خەۋەرلەندۈرۈش مەقسىتىدە، مەخسۇس خىتايچە « شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تارىخى » دىگەن كىتابچىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

مەزكۇر كىتابچە، « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى » تەرىپىدىن ئالاھىدە تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇنى، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەخسۇس ئاجرىتىلغان تارىخچى ۋە تەتقىقاتچىلاردىن بولۇپ جەمئىي 12 نەپەر خىتاي ئىككى يىلدا يېزىپ تاماملىغان. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## قاراقاش ناھىيىسىدە
## 5 نەپەر خىتاي ئەسكىرى يەرلىك دېھقانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇيىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاندىكى جاللات قوشۇن - « بىڭتۇەن » نىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق 47 - تۇەن 4 - لىيەندىكى 5 نەپەر خىتاي ئەسكىرى يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
( داۋامى 2 - بەتتە )

## ئامېرىكىلىق قانۇنشۇناسلار تەيۋەننى ئايرىم بىر دۆلەت دەپ قارىماقتا

« شىڭداۋ » گېزىتىنىڭ 8 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كومىسسار ياردەمچىسى ۋە مەشھۇر قانۇنشۇناس بوردۇن ئەپەندى يېقىندا، تەيۋەننىڭ تامامەن ئايرىم بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى ۋە كىلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ تەيۋەننى بوزەك قىلىشىغا قاراپ تۇرماسلىقى كېرەكلىكىنى بايان قىلغان.

بوردۇن ئەپەندى ئامېرىكىدىكى بىر ھەپتىلىك ژۇرنالدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغان: « خەلقئارا قانۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەيۋەن شەك - شۈبھىسىزكى مۇستەقىل ئايرىم بىر دۆلەت، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى ئېنىق، ئۇنىڭ خەلقىنى ياخشى ئىدارە قىلالايدىغان، خەلقئارالىق مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلالايدىغان مۇقىم بىر ھۆكۈمىتى بار، ئۇنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن كام قالىدىغان ھېچبىر يېرى يوق. شۇڭا دىپلوماتىيە جەھەتتە بۇ ئىككى دۆلەتنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېتىراپ قىلغانلىق، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ بىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلانمايدۇ ».

بوردۇن ئەپەندى تەكىتلەپ مۇنداق دىدى: « بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ، قورال كۈچى ئارقىلىق تەيۋەننى قايتۇرىۋالىمىز، دىگىنى بىر خام خىيالدىن ئىبارەت. ئەگەر بىز تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلساق، بۇ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن پايدىلىق، ئەگەر خىتاينىڭ تەيۋەننى بوزەك قىلىشىغا ئامېرىكىنىڭ چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئوبدان بىلدۈرۈپ قويساق، بۇ، ئىككى قىرغاقنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن پايدىلىقكى، زىيىنى يوق ».

بوردۇن ئەپەندى يەنە بېيجىڭنىڭ ۋاقىراپ - جاقىراشلىرىدىن ۋە ھەربىي تەھدىتىدىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەسلىك كېرەكلىكىنى، ئەينى زاماندا خىرۇشېۋنىڭمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا ئايىقى بىلەن شىرەنى ئۇرۇپ دۇنياغا تەھدىت سالغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ قىلچە كارغا كەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا خىتاينىڭ بوش تەھدىتلىرىگىمۇ ئىقتىسادى جەھەتتىن ئۆچ ئېلىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرۇش كېرەكلىكىنى بايان قىلدى.

ئۆز خەۋىرىمىز: 99 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئالمۇتا شەھىرىدە « قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك مىللىي مەركىزى » قۇرۇلدى. سايلام ئارقىلىق، دامىر ھېزباقىيېۋ مەركەزنىڭ رەئىسلىكىگە، مۇھەممەتجان باقىيېۋ ۋە دىلبىرىم سامساقوۋالار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى ھەمدە 15 كىشىلىك رەھبەرلىك ھەيئىتى ۋە تەپتىش كومىتېتى تۇرغۇزۇلدى. بۇ مىللىي مەركەزنىڭ ئاساسى مەقسىدى، قازاقىستاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە بىر يەكۈردە ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

## خىتاي بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتى خەتەرلىك باسقۇچقا كىردى

خىتايچە « شىڭداۋ » ۋە « ياۋروپا » گېزىتلىرىنىڭ 8 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بىرقانچە كۈندىن بۇيان خىتاي بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتى 1996 - يىلدا يۈز بەرگەن ھەربىي كىرىزىستىن بۇيانقى ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچقا كىرگەن.

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى باشتىن - ئاخىر، « ئەگەر تەيۋەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلسا، قورال كۈچى ئارقىلىق تەيۋەننى ئىشغال قىلىمىز » دەپ تەھدىت سېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇيىل 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي خىتاينىڭ تەھدىتىگە پىسەنت قىلماي، « ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى » نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلدى، ماھىيەتتە بولسا بۇ، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى تەيۋەنگە يېقىن فۇجيەن ئۆلكىسىگە جىددى تۈردە ئەسكەر توپلاپ، ھەربىي مانېۋىرلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، تەيۋەنگە بىۋاستە تەھدىت سېلىشقا باشلىغان ئىدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا خىتاي ھۆكۈمىتى ئەسكەرلەرگە 1 - دەرىجىلىك ھەربىي ھالەتكە ئۆتۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە، 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تەيۋەن بوغۇزىدا « ئۇزۇن سەپەر » ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى سىناق قىلغان، شۇ كۈنى يەنە خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا يەرلەشتۈرۈلگەن 17 ئۇرۇش ئايروپىلانى مانېۋىر قىلىش باھانىسىدا تەيۋەننىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كىرىپ، تەيۋەن دېڭىز قىرغىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى تەيۋەنگە ئائىت رادارلارنى ۋە تەيۋەن ھاۋا ساھەسىدە ئۇچۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئايروپىلانلارنى رادار سىستېمىسى ئارقىلىق رەسمىي قارىغا ئالغان ۋە بۇ ئارقىلىق تەيۋەن قىسىملىرىنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرمەكچى بولغان. تەيۋەن ھۆكۈمىتى بىۋاستە توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى بازىلىرىغا چېكىندۈرۈپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كوممۇنىست ئارمىيىسى ھەر سائەتتە 12 ئۇرۇش ئايروپىلانىنى قەستەن تەيۋەن ھاۋا ساھەسىگە كىرگۈزۈشكە باشلىغان، خىتاينىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ھەرىكەت مىقدارى 1996 - يىلدىكى كىرىزىس مەزگىلىدىكىگە تەڭلەشكەن. بۇنىڭغا جاۋابەن تەيۋەن ھەربىي قىسىملىرىمۇ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش سانىنى كۆپەيتىپ، ھاۋا ساھەسىدە ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا تىرىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خىتاينىڭ دېڭىز ئارمىيىسىمۇ تەيۋەن بوغۇزىدىكى ھەربىي ھەرىكىتىنى ئادەتتىن تاشقىرى، جىددىيلەشتۈرگەن.

## قاراقاش ناھىيىسىدە

# 5 نەپەر خىتاي ئەسكىرى يەرلىك دېھقانلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى

( بېشى 1 - بەتتە )

مۇخبىرىمىزنىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: « بىگتۇەن » نىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق 47 - تۇەنى قارمىغىدا 10 لىيەن بار بولۇپ، بۇ لىيەنلەردە قوراللىق 2800 نەپەر خىتاي ياشايدۇ. 47 - تۇەن ئەسلىدە خوتەن رايونىدا يۈزبېرىش ئېھتىمالى بولغان « مىللىي توپىلاڭ » لارنى باستۇرۇش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ تۇەن قاراقاش ناھىيىسىدىكى يەرلىك دېھقانلارغا تەۋە 18 مىڭ مو مۇنبەت تېرىلغۇ يەرنى ئىگەللىۋالغان، ئەپسۇسكى قاراقاش ناھىيىسىدە ھەربىر يەرلىك دېھقانغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاران 0.8 مو بولۇپ، بۇ ناھىيە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى » تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ نامرات 11 ناھىيىنىڭ بىرى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ يەنە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ناھىيىدىكى دېھقانلارغا 25 خىل ئالۋاڭ - سېلىق ۋە باج سالغان، « ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك » دىگەندەك، ھەرىيلى قەھرىتان سوغۇقتا دېھقانلارنى قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقارقى تەرىپىگە مەجبۇرى ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئىككى ئاي ھەقسىز ھالدا سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەن.

بۇيىل 5 - ئايدا قاراقاش ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق 47 - تۇەندىكى خىتايلار سۇ مەنبىيىنى قامال قىلىۋېلىپ، ئۈستەڭلەردىكى سۇنى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئېتىزىغا ئاقتۇزغۇلى قويماي، ئۆزلىرىگە تەۋە بىر ئورمانلىققا قەستەن ئۇدا 8 كۈن سۇ ئاقتۇزغان، ئورماندىكى سۇلار تېشىپ، ھەتتا بىگتۇەننىڭ يوللىرىنىمۇ سۇبېسىپ كەتكەن، بۇسەۋەپتىن ئۇرچا يېزا غاراللىق مەيدانىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ 800 مو يەردىكى بۇغدايلىقىغا سۇ كىرمەي، بۇغدايلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ، دېھقانلار بىرتالمۇ دان ئالالمىغان. بۇ ناھەقچىلىققا چىدىمىغان غاراللىق مەيدانىنىڭ دادۇي سېكرىتارى توختى باقى بىلەن دادۇيجاڭ ئابلاجانلار 47 - تۇەننىڭ 4 - لىيەنىگە بېرىپ خىتايلارغا، « سۇنى بىكار يەرلەرگە باشلىماڭلار، بىزنىڭ بۇغدايلىرىمىز سۇسىز قۇرۇپ كەتتى » دەپ نەسىھەت قىلغان، بىگتۇەنلىك خىتايلار نەسىھەتنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە دادۇي سېكرىتارى بىلەن دادۇيجاڭنى كوللىكتىپ ھالدا قاتتىق ئۇرغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا بويۇلۇپ، ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالغان. ئۇرچا يېزىسىدىكى دېھقانلار بۇ ئەھۋالنى دەرھال يېزىلىق پەيچۇسو ( ساقچىخانا ) نىڭ ساقچىسى ئەكبەرجانغا مەلۇم قىلغان، ئەكبەرجان بولسا بۇنى قاراقاش ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئىنكاس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بۇ ئەھۋاللارغا پىسەنت قىلمىغان. دېھقانلار يەنە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، دادۇي سېكرىتارى بىلەن دادۇيجاڭنى ئۇرۇپ ئىمجان قىلىپ قويغان خىتايلارنى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇيغۇر سوتچى ئۇلارغا، « بىز خەنزۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايمىز، بىزنىمۇ جان باقىدىلى قويۇڭلار » دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئەلمىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان يىرتوپ ئۇيغۇر دېھقان بۇيىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېچىدە يوشۇرۇن ھالدا 47 - تۇەن قارمىغىدىكى 4 - لىيەنگە باستۇرۇپ بېرىپ، بۇلىيەندىكى 5 نەپەر خىتايىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

گەرچە قاراقاش ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ھازىرغا قەدەر تېخى بۇ خىتايلارنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما غاراتلىق يېزىسىدىكى 25 نەپەر ئۇيغۇر دېھقاننى « گۇمانلىق ئۇنسۇر » دەپ سولاپ قويغان.

### ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى « يېڭى زامان » گېزىتىنى مۇبارەكلىدى

يېقىندا گېزىتىمىزنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى قازاقىستاندا نەشر قىلىنىۋاتقان « يېڭى زامان » گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى دولقۇن ياسىن ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئالىمجان باۋۇدۇنوپلارغا تەبرىك فاكسى يوللاپ، مەزكۇر گېزىتنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەش بىلەن بىرگە، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي تەشۋىقاتىمىزغا قوشۇلغان يېڭى بىركۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بۇگېزىتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ساغلام تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

يېڭى زىمان » گېزىتى 99 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇگېزىت ئۇيغۇرچە ۋە روسچە ئىككىخىل تىلدا ۋە ئۇيغۇرچە، ئىسلاۋىيەچە، روسچە 3 خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. گېزىتنىڭ ھەجمى 8 بەت بولۇپ، ئايدا 3 سان چىقىدۇ.

# خىتاي ھۆكۈمىتى، « شىنجاڭدا مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرەش تارىخى » دىگەن كىتاپنى نەشر قىلىپ تارقاتتى

بۇيىل 3 - ئايدا 5 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىنىپ خىتاي رەھبەرلىرىگە تارقىتىلغان191 بەتلىك بۇكىتاپ جەمئى 12 باپقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا 1840 - يىلدىن تاكى 1997 - يىلدىكى غولجا ۋەقەسىگىچە بولغان 157 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئومۇمى جەريانى خىتاي نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەپسىلى بايان قىلىنغان.

مەزكۇر كىتاپتىكى 12 بابنىڭ ماۋزۇلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 - باب : « 1840 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشلەر »

2 - باب : « 1933 - يىلدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ ھالاك بولۇشى »

3 - باب : « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشلەر »

4 - باب : « شىنجاڭدا ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مىللى بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىنىڭ تارمار قىلىنىشى »

5 - باب : « 50 - يىللاردا خوتەن خەلقىنىڭ مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشلىرى »

6 - باب : « مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە « شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى » نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ھالاك بولۇشى »

7 - باب : « 80 - يىللاردا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ زوراۋانلىققا ۋە توپىلاڭغا قارشى كۆرەشلىرى »

8 - باب : « ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بىرمەيدان بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش »

9 - باب : « بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋى قوراللىق توپىلاڭنىڭ باستۇرۇلۇشى »

10 - باب : « ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مىللى بۆلگۈنچىلەر پەيدا قىلغان بىرقاتار دىلولارنى تارمار قىلىشى »

11 - باب : « قەشقەردىكى « 12 - ماي » قاتىللىق دىلوسىنىڭ پاش قىلىنىشى »

12 - باب : « غۇلجىدىكى « 5 - فېۋرال » ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىنىڭ باستۇرۇلۇشى »

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان 12 بابتا، 150 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مانجۇ - خىتاي ئىمپىراتورلۇقى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدىن ئۆرنەك سۈپىتىدە 200 گە يېقىن ۋەقە كىرگۈزۈلگەن.

مەزكۇر كىتاپنىڭ كىرىشسۆز قىسمىدا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەردەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا خىتابەن مۇنداق دېيىلگەن: « مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش - دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالى مەنپەئەتلىرىنىڭ بىرى، مىللى بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى ۋە تەرەققى قىلىشى ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس، پەقەت خەلقئارادا دۈشمەن كۈچلەر، دۆلەت ئىچىدە ئېكسپۇلاتاسىيە سىنىپىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، مىللى بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ھەرگىز يوقالمايدۇ، شۇڭا بىزنىڭ مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىمىز ئۇزۇن مۇددەتلىك، جاپالىق، مۇرەككەپ ۋە كەسكىن كۈرەشتىن ئىبارەت. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ ھەردەرىجىلىك پارتكوم - ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك كادىرلار ئۈچۈن موھىم بىر سىناق ».

كىرىشسۆزدە يەنە، 1980 - يىللاردىن بۇيان ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى « بۆلگۈنچىلىك » ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىنتايىن كۈچىيىپ كەتكەنلىكى ئالاھىدە بايان قىلىندى.

# « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ باياناتى

1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9، 10، 11 - كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلىرىدە قۇرۇلۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىرى قاتناشقان تەسىس يىغىنى ئېچىلدى. تەسىس يىغىنى ئارقىلىق « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » رەسمىي قۇرۇلدى. بىز، مىللىي مەركىزىمىز قۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنە بىلەن جاكالاش بىلەن بىرلىكتە، تۆۋەندىكىدەك سىياسىي بايانات ئېلان قىلىمىز:

مىللىي مەركىزىمىز - مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا، مىللىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىغا تايانغان ھالدا قۇرۇلغان بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورگان بولۇپ، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق داۋا تەشكىلاتلىرىمىزنى ئۆز ئەتراپىغا بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ.

مىللىي مەركىزىمىز - مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىزنىڭ جەڭگىۋار شتابى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ستراتېگىيىسىنى، تاكتىكىسىنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

مىللىي مەركىزىمىز - ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بارلىق ئەركىنلىك كۈرەشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

مىللىي مەركىزىمىز - ۋەتەن داۋاسىنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى، دۇنيا ئىسلام كونفرانسى ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا، شۇنىڭدەك دۇنيا دۆلەتلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

مىللىي مەركىزىمىز - مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن - بىر قانۇنى ۋەكىلى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلاردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، كېلىشىم تۈزۈش، ئىمزالاش، بىكار قىلىش، ئاخبارات ياكى بايانات ئېلان قىلىش ھوقوقىغا ئىگە.

خەلقئارادىكى بارلىق دوست دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە بىزبىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئالاقىلىشىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » رەئىسى
گېنېرال مۇھەممەت رىزا بېكىن

# « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ مىللىي مارشى

قۇرتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.

قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇرتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇرتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بارئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز - بىزيۈز - كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بىزنىڭ نامىمىز.

يارۇ - ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ - شۆھرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.

چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل - ئامان،
ياشىسۇن! مىڭ ياشىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز!

1933 - يىلى ( قەشقەر )

# ئىككىنچى نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ قارارى

( 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە چاقىرىلغان 2 - نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » تەرىپىدىن ماقۇللانغان ۋە ئېلان قىلىنغان )

1. ياشلار قۇرۇلتىيى - ياشلىرىمىزنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تايانچ كۈچى دەپ قارايدۇ ۋە پۈتۈن ياشلىرىمىزنى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ ئاكتىپچانلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىرىدۇ؛

2. ياشلار قۇرۇلتىيى - ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەتەن داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پۈتۈن تەشكىلات ۋە شەخسلەر بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالاقە باغلايدۇ، ئۇستىگە چۈشكەن ھەرقانداق ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەييار تۇرىدۇ؛

3. ياشلار قۇرۇلتىيى - شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە بارلىق خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

4. ياشلار قۇرۇلتىيى - 1998 - يىلى 10 - دېكابىردا ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ ۋە مىللىي مەركەزنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللىي قۇرۇلتىيىنى چاقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؛

5. ياشلار قۇرۇلتىيى - خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ۋەھشى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى تېزدىن توختىتىشنى، سىياسىي سەۋەپتىن ناھەق تۇتقۇن قىلىنغان بىگۇناھ خەلقىمىزنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ؛

6. ئىنسان ھەقلىرى باياناممىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا 50 يىل بولغان ۋە خىتاي بۇيىل بۇنىڭغا ئىمزا قويغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندى قىلىنماقتا. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياشلار قۇرۇلتىيى - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى، دېموكراتىك دۆلەتلەرنى، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشكە ۋە جازالاشقا چاقىرىدۇ؛

7. ياشلار قۇرۇلتىيى - خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى تاجاۋۇزچىلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىكىدىن دەرھال ۋاز كېچىشكە، بۇ مەملىكەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتەك ھەققانى ھوقوقىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرىدۇ؛

8. ياشلار قۇرۇلتىيى - ئاتالمىش « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون » نىڭ قورچاق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت قاتارلىقلارنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەق - ھوقوقىنى ساتىدىغان، خەلقىمىزنىڭ ھەق - ھوقوقىغا تاجاۋۇز قىلىدىغان توختامنامىلارغا قول قويماسلىققا ۋە ئۇنداق توختامنامىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىرىدۇ؛

9. ياشلار قۇرۇلتىيى - شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھازىرغىچە ئېلىپ بارغان بارلىق ئىنقىلاپلاردا، جۈملىدىن 1990 - يىلىدىكى بارىن ئىنقىلاۋى، 1995 - يىلىدىكى خوتەن ۋەقەسى ۋە 1997 - يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسى قاتارلىق ئىنقىلاپلاردا خىتاي مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن قىز - يىگىت شېھىتلىرىمىزنى ھۆرمەت بىلەن، رەھمەت بىلەن ئەسلەيدۇ. پۈتۈن ئىنقىلاۋى شېھىتلىرىمىزدىن، خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان پۈتۈن ئىنقىلاپچىلىرىمىزدىن شەرەپ - غۇرۇر ھېس قىلىدۇ ۋە پۈتۈن ياشلىرىمىزنى ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ.

10. ياشلار قۇرۇلتىيى - شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان ۋە ھېسداشلىق قىلىدىغان بارلىق دۆلەتلەر، تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ياردىمىنى قوبۇل قىلىدۇ؛

11. ياشلار قۇرۇلتىيى - بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلۈشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن تۈرك خەلقىغە ۋە تەشكىلاتلىرىغا، قۇرۇلتايغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلغان بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلەرگە ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىدۇ.

1998 - يىلى 15 - دېكابىر ( تۈركىيە - ئەنقەرە )

# شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاۋۇستىرالىيەگە ئولتۇراقلىشىشى

ئەخمەت ئىگەمبەردى ( ئاۋۇستىرالىيە )

كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى شەرقىي تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىپ ئالغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى خىتاي فېئودال مىللەتارىسلىرى تارىختىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ خىل سىياسەتنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ھالدا يۈرگۈزۈشكە باشلىدى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا ئومۇمى يۈزلۈك قىرىپ يوقۇتۇشتىن ئىبارەت دۆلەت تېرور سىياسىتىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى، نەتىجىدە 1950 - يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەر سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، پاكىستانلارغا ئۆز ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ، ھەر - خىل يوللار بىلەن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى، شۇ قاتاردا 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرى ستالىن زامانىدا روسىيەدىن قېچىپ كېلىپ شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان رۇس، تاتار قانلىرى ئارىلاش ئۇيغۇر ئائىلىلىرىمۇ جەنۇبىي ئاۋۇستىرالىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. بالدۇر كەلگەن ئائىلىلەر باشقىلارنى چاقىرتىش، ئۆيلىنىش ۋە ئائىلىلەرنىڭ قايتا قوشۇلۇش يوللىرى بىلەن، 1985 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىن ئاۋۇستىرالىيەگە كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ھازىر جەنۇبىي ئاۋۇستىرالىيەدە 100 ئائىلە 700 جان، ۋىكتورىيەدە 37 ئائىلە 125 جان، « ن س ۋ » دە 15 ئائىلە 50 كە يېقىن جان، جەمى ئاۋۇستىرالىيەدە 150 دىن ئوشۇق ئائىلە، 1000 غا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ياشايدۇ. 1997 - يىلىدىن باشلاپ يەنە بىر تۈركۈم شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئاۋۇستىرالىيەگە كېلىشكە باشلىدى. كەلگەن بۇ ئۇيغۇرلارغا ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتى ئاۋۇستىرالىيەدە ياشاشقا رۇخسەت بەردى. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتىگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمىز.



ئاۋۇستىرالىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاز بىر قىسمى خىزمەت، تىجارەت ۋە ئوقۇش سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانسا، باشقىلىرى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىدارە - جەمىيەت، زاۋۇت فابرىكىلاردا ھەر خىل كەسىپلەردە ئىشلەيدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى باللار ھەم ياشلار باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا ۋە ھەر خىل دارىلفۇنۇنلارنى تۈگۈتۈپ چىقتى.

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ كۆپرەكى ئادېلايد رايوندا ياشايدۇ. ئۇلار شەھەرنىڭ مەركىزى رايونلىرى ھەم ئىنفيلو، خولدېن خىلىل، ۋەللى ۋېيۋ، پاراۋىستا ۋە ئىنگىل فارىم رايونلىرىدا ياشىسا، مېلبورىندا، دەنوينوڭ ئەتراپىدا ھەمدە سىدنىينىڭ فايىر فېيلد، ئائۇبۇرن، لىدكومىب، لىۋىرپۇل ھەم سىمىس فېيلد قاتارلىق رايونلىرىدا ياشايدۇ.



« ئاۋۇستىرالىيە تۈركىستان جەمىيتى » - ئاۋۇستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىردىن - بىر رەسمى ۋەكىللىك ئورگىنى سۇپىتىدە 1992 - يىلى 24 - ئاپرىلدا قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ تىزىمغا ئېلىنغان. جەمىيەتنىڭ باش ئورگىنى ئادېلايدىغا ئورۇنلاشقان. بۇ جەمىيەت شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان جامائىتى ئۈچۈن سىياسى، ئىجتىمائى، ئولتۇراقلىشىش ھەم مەدىنىيەت جەھەتلەردە قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. جەمىيەتنىڭ قۇرۇلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى مەكتىۋى قۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە ۋاندانا ئىسلام كوللىجى ھەم ۋاندانا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە 40 دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىدىغان سىنىپلارنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى داۋاملىق ھالدا يېڭى يىل، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە نورۇزغا ئوخشاش بايرام ھەم ھېيتلارنى مۇبارەكلەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۇيغۇر مەدىنىيەت فولكلورىغا باي مىللى ئەنئەنىمىز « مەشرەپ » نى ئۇيۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.



« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# ۋاڭ لېچۈەن نىمە دىمەكچى؟

## ئابلاجان لەيلى نامان

( ئامېرىكىدىكى « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى جەمىيتى » نىڭ رەئىسى )

گېرمانىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان « ئۇچقۇن » ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ 17 ـ سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ئاتالمىش « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن يېقىندا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان « ئاپتونوم رايونلۇق مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش » خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان ئىچكى يىغىندا، « ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالى يەنىلا بىرقەدەر مۇرەككەپ، مىللى بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىر كۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق » دىيىش ئارقىلىق، بىزنىڭ مىللى مۇستەقىللىق داۋايىمىزنىڭ تاكى مۇستەقىللىقنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرگەنگە قەدەر ئىزچىل ھالدا ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق داۋاملىشىدىغان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ئازاپلىنىش ئىچىدە تىلغا ئالغان بولسا، « بۇ كۈرەش ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس » دىيىش ئارقىلىق، خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىنى خىتاينىڭ ئىرادىسىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، خىتاي بىلەن ھېچبىر ئېتنىك مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر مىللەتنىڭ ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇجادىلىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا خەلقىمىزنى ئۇزۇن مۇددەت ئۆزى بىلەن بىرگە مەجبۇرى تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى مۇنەييەنلەشتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

ۋاڭ لېچۈەن ئۆز سۆزىدە يەنە، « قاتتىق زەربە بېرىشنىڭ كۈچلۈك ھەيۋىسنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، زەربە بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېرورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىنى بىخ ھالىتىدىلا تۇگىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۈشمەنگە ھېچقانداق ئارام ئېلىش پۇرستى بەرمەسلىك » دىگەندىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەت پۇروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، مىللىتىمىزنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانى ھەرىكەتلىرىنى « تېرورلۇق » ھەرىكىتى قىلىپ كۆرسۈتۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يۇقارقى سۆزلىرى ئارقىلىق، ئۆز قېنىغا سىڭىپ كەتكەن « تېرور » دىن ئىبارەت بۇ ۋىروسقا ئايىنىپ ھاكىمىيتىنى قوغداپ كېلىۋاتقان بىر مۇستەبىت كۈچنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ مەملىكىتىمىز خەلقىغە قارىتا ئىزچىل تۈردە كەڭ كۆلەملىك تېرورىستىك سىياسەت يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇخىل ۋاستىسىنى ئىزچىل تۈردە درۋاملاشتۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشىنى ۋە نەپتى ـ بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەرگەن.

ۋاڭ لېچۈەن، « ۋەتەنىنىڭ پۈتۈنلۈكىگە قارشى بارلىق پائالىيەتلەرنى بىخ ھالىتىدىلا يوقۇتۇش » نى يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا تەكىتلەش ئارقىلىق، خەلقىمىزگە تەھدىت سالغان.

مېنىڭ يۇقارقىلارنى تەكىتلىشىمدىكى مەقسەت، قانداقتۇر ۋاڭ لېچۈەننى يۇمشاق ئىبارىلەرنى قوللۇنۇشقا دالالەت قىلىش ئەمەس، چۈنكى بىر مۇستەملىكچى مەيلى نەڭ قاباھەتلىك سۆزلەرنى سەرىپ قىلسۇن ياكى سۆز ـ ئۇتۇقلىرىنى نەڭ گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن بېزەپ چىقسۇن، بىزئۈچۈن بەرى ـ بىر نەتىجىسى ئوخشاش! مېنىڭ تۈپ مەقسىدىم پەقەتلا ئەسلى تېرورىستىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتۇر.

ئۇنداقتا « تېرورلۇق » دىگەن نىمە؟ تېرورىست زادى كىم؟

تېرورلۇق ـ مۇئەييەن بىر سىياسى مۇددىئاغا يېتىش مەقسىدىدە خەلققە تەھدىت سېلىش، ۋەھىمە پەيدا قىلىش ۋە رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللۇنۇشتۇر. بىزنىڭ كۈرىشىمىز بولسا پەقەت ئۆزىمىزگە ئەزەلدىنلا تەئەللۇق بولغان ئانا ۋەتىنىمىزنى، ھۆرلۈكىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەققانى ھەرىكەتتۇر! خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرىكىتى بولسا ئۆزىگە قىلچە تەئەللۇق بولمىغان باشقا بىر مىللەتنىڭ قېنىنى شوراش، ئەركىنلىكىنى بوغۇش، بايلىقىنى بۇلاپ ـ تالاش ۋە شۇمىللەتنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى قىرىپ يوقۇتۇش قىلمىشىدىن ئىبارەتتۇر!

مېنىڭچە، ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىپ نامايىش ئۆتكۈزگەنلەر، مىللى مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش مەقسىدىدە مەشرەپ ئۆتكۈزگەنلەر تېرورىست ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزنىڭ بېشىدا ئاتوم بومبىسى پارتلاتقانلار، بىگۇناھ خەلقىمىزنى ئوتقۇن قىلغانلار، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان خەلقىمىزنى چىش ـ تىرنىقىغىچە زامانىۋى قورال بىلەن قوراللانغان جاللات قوشۇنلىرىغا قىرغىن قىلىشقا تۇتۇپ بەرگەنلەر ھەقىقى تېرورىستتۇر!

دىمەك، بۈگۈن بىزگە سېلىنغان ھەرقانداق تەھدىت، خەلقىمىزنى مۇستەقىللىق كۈرىشىدىن ئەسلا ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ، سەۋەبى، بىزنى پەقەت ئىككىلا يول كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، بىرى، زۇلۇمغا چىداپ ۋە سۈكۈت قىلىپ ئۆلۈمنى كۈتۈش، يەنە بىرى بولسا دۈشمەنگە قارشى پۈتۈن ئىمكانىمىز بىلەن جەڭ ئېلان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر! چۈنكى بىزنىڭ ئۇرۇشتىن زىيان تارتىدىغان يېرىمىزيوق، چۈنكى بىز ئاللىقاچان زىيان تارتىپ بولغان مىللەتمىز!

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ( ئامېرىكا ـ فۇلورىدا )

# « بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىغا قوشۇمچە پىكىر

## شۆھرەت ھوشۇر ( ئامېرىكا )

ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى: (« بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىنىڭ مۇخبىرى شۇۋېينىڭ، « شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابلىكىم باقى ئەپەندى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسىنى « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ 15 ـ سانىدىن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، مۇخبىرنىڭ بىرسوئالىغا قوشۇمچە پىكىر بېرىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مېنىڭ بۇ پىكىرىم ، « بېيجىڭ باھارى » ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پەرىقلىق كۆزقاراشلاردىن خەۋەردار بولۇپ قېلىشىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئابلىكىم باقى ئەپەندىنىڭ پەۋقۇلئاددە سالاھىيتى سەۋەبىدىن ئېغىزىدىن چىقىرالمىغان پىكىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق دەپ قارايمەن )

مۇخبىر ئەپەندى، سىزنىڭ، « ئۇرۇش سىلەرگە زىيان ئېلىپ كەلمەمدۇ؟ » دىگەن سوئالىڭىزغا بىزنىڭ جاۋابىمىز مۇنداق:

بىز ئۇرۇشتا زىيان تارتمايمىز، چۈنكى بىز ئاللىقاچان زىيان تارتىپ بولغان مىللەت. ۋەتىنى ئىشغال قىلىنغان، مۇستەقىللىقنى يوقۇتۇپ قويغان بىر مىللەتنىڭ قولىدا زىيان تارتىدىغان ئەرسىسى بار دىيىلسە، جېنى ۋە نوپوسى باردۇر. نوپوس كۆپلىكى بولسا ھۆر ۋە تەرەققى قىلغان مىللەت ئۈچۈن پايدىلىقتۇر ھەم ئېپتىخارلىنىشقا لايىقتۇر، ئەمما قۇل ۋە ئارقىدا قالغان مىللەت ئۈچۈن ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇشتا زىيان تارتىپ قېلىش مەسلىسى مەۋجۇت ئەمەس! شۇ بىر ھەقىقەتكى، دۇنيا تارىخىدا ھېچقانداق بىر مىللەت ئۇرۇش قىلغىنى ئۈچۈن يەرشارىدىن يوقاپ كەتكەن ئەمەس، ئەگەر يوقاپ كەتكەن بولسا ئۇرۇش قىلمىغانلىقى، زۇلۇمغا بويۇن ئەككەنلىكى ئۈچۈن يوقاپ كەتكەن! سىز مەزكۇر سوئالنى سوراۋاتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مىلتىق ئوقىدا ئۆلگەنلىرىنىلا نەزەردە تۇتۇپ، ئوقسىز ئۆلۈۋاتقانلىرىنى نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلغانلىقىڭىز بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆلۈم جازاسى ۋە قوراللىق باستۇرۇشلاردا ئۆلۈۋاتقانلار مىليونلارچىدۇر. مەكتەپ يېشىدىكى بىر بالىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ساۋاتسىز قېلىشى، بىر ئائىلە باشلىقىنىڭ ئىشسىزلىق سەۋەبىدىن خوتۇن ـ بالىسىنى باقالماسلىقى، بىر كېسەلنىڭ يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىن دوختۇرخانىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى... قاتارلىقلار شۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ بۇخىل ئۆلۈم ئوقتا ئۆلگەندىنمۇ ئازاپلىنارلىق ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭچە، بىرمىللەتنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرىنىڭ قولىدىن مەجبۇرى ئېلىنىشى ـ شۇ مىللەتنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشى دىمەكتۇر.

شەرقىي تۈركىستان 1884 ـ يىلى خىتاينىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەنلا ئۇيغۇرلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان. شۇكۈندىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر خىتايدا قايسى پارتىيە، قايسى گۇروھنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىدىن قەتئى نەزەر، بۇجازا ئىزچىل تۈردە ئىجرا قىلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا ھازىر ئۇيغۇرلارنى ئىككى يول كۈتۈپ تۇرماقتا: بىرى ـ ئۆلۈمنى كۈتۈش؛ يەنە بىرى ئۆلۈمگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىش؛ كۈتۈپ تۇرۇشقا قارىغاندا جەڭ ئېلان قىلىشنىڭ زىيانلىق يول ئەمەسلىكى ھەممىگە ئېنىق، يەنى بۈگۈن بىز ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ زىيانلىق يول ئەمەسلىكى قىلچە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەت ئويلۇنۇشقا تېگىشلىكى، قايسى خىل شەكىلدە ئۇرۇشۇش مەسلىسى. دۇنيادا بۈگۈن مۇستەقىللىق كۈرىشى ئېلىپ بېرىۋاتقان گۇرۇپپىلارنىڭ قايسىسىنى ئۆرنەك ئېلىش مەسلىسىدۇر. يېقىندىن بېرى ۋەتەن ئىچىدىن كەلگەن خەۋەرلەر، مۇجاھىتلىرىمىزنىڭ بىزنىڭ شەرت ـ شارائىتىمىزغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان يولنى تاللاپ بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

مۇخبىر ئەپەندى، مەزكۇر سوئالىڭىزنىڭ ئارقىسىدا ، « سىلەر كۈچ جەھەتتىن ئاجىز ئەمەسمۇ؟ » دىگەن سوئالىڭىزمۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ سوئالىڭىزغا جاۋابىمىز مۇنداق:

شۇنداق، نۆۋەتتىكى ئىمكانلىرىمىزغا ماتېرىيالىست كۆز بىلەن قارىساق بىز ئاجىز، ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئۇرۇش قىلماسلىق كېرەك، سۈكۈت قىلىش كېرەك دىگەن ھۆكۈمگە سەۋەپ بولالمايدۇ، ئەكسىچە بىزنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. چۈنكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمىنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشى قانچىلىك مۇشكۇل بولسا، ئۇرۇش قىلماي جىم يېتىشى ۋە سۈكۈت قىلىشى ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە مۇشكۇل ۋە خەتەرلىكتۇر. ماتېرىيالىستىك قاراش بويىچە ئىپتىقاندىمۇ، ئاجىز شەيئىلەرنىڭ كۈچلۈكلەر ئالدىدا مەۋجۇتلىقىنى ساقلاش ۋە تەرەققى قىلىشىنىڭ بىردىن ـ بىر چىقىش يولى ـ كۈرەش قىلىشتۇر. ئىمكانلىرىمىزغا ئىدىيالىستىك قاراش بىلەن قارىساق، ئەسلىدە كۈچلۈك بولغىنى خىتاي ئەمەس، ئەكسىچە بىز! چۈنكى ئىدىيالىستىك تەلىمات مەۋجۇت دۇنياۋى قۇدرەتلەرنىڭ سىرتىدا ئىلاھى بىر قۇدرەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇ قۇدرەت ساھىبىنىڭ زالىمنىڭ يېنىدا ئەمەس، بەلكى مەزلۇمنىڭ يېنىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. ئىلاھى قۇدرەتكە ئىشەنگۈچىنىڭ نەزىرىدە دۇنياۋى قۇدرەت ئىگىسىنىڭ نەقەدەر ئاجىز بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئېتىقاد ساھىبى بولغان بىرسىلا تولۇق تەخمىن قىلالايدۇ. ئۇيغۇرلار موسۇلمان بىر قەۋىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلاھى قۇدرەتنى داۋاملىق ئۆز يېنىدا ھېس قىلىدۇ، دۈشمىنى ئالدىدا ئۆزىنى ھەرگىز ئاجىز ھېس قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ 100 يىلدىن بېرى ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ قوماندانى ـ مانا مۇشۇخىل ئىدىيالىستىك ئاڭدۇر. دىمەك، بىز ئاجىز ئەمەس، مەسىلىمىز كۈچ يېتىشمەسلىك مەسلىسى ئەمەس، بەلكى كۈچنى نەگە، قانداق ئىشلىتىش مەسلىسىدىن ئىبارەتتۇر، خالاس!

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ( ئامېرىكا ـ فۇلورىدا )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

